## 41760 ـ هاراق ئىچىش ئارقىلىق داۋالىنىش توغرا بولمايدۇ

### سۇئال

بەزى دوختۇرلار كېسەلگە شىپا بولىدۇ دەپ بىمارغا مەلۇم مىقداردا هاراق ئىچىشنى تەۋسىيە قىلسا، داۋالىنىش ئۈچۈن هاراق ئىچسە توغرا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

داۋالىنىش ئىسلام پرىنسىپىدا كۆرسىتىلگەن ئىشلاردىن، لېكىن داۋالىنىش ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى كۆرسەتكەن، يولغا قويغان دائىرە ئىچىدە بولىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مەزكۇر دورىنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ ۋە كېسەل شىپا تېپىپ ساقىيىدۇ. ئەمما ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى چەكلىگەن نەرسىلەر كېسەلگە شىپا بولمايدۇ. چەكلەنگەن نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىش بولۇپمۇ هاراق بىلەن داۋالىنىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە هارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ كېسەلدىن شىپا تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئىلاج قىلمىدى. [بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبرانى سەھىھ يوللار بىلەن بايان قىلغان. ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان سەھىھ دەپ قارىغان. ئىمام بەززار، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى ئىشەنچىلىك راۋىلار ئارقىلىق ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن نەقىل قىلغان].

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا كېسەلنى ۋە داۋانى بىرگە چۈشۈردى، ھەر بىر كېسەللىك ئۈچۈن ئۇنىڭ شىپاسىنىمۇ ياراتتى، داۋالىنىڭلار، چەكلەنگەن نەرسىلەر بىلەن داۋالانماڭلار. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

تارىق ئىبنى سۇۋەيد ئەلجۇئپىي رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامدىن: هاراقتىن بىر نەرسە ياساش توغرىسىدا سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئۇ كىشىنى بۇنىڭدىن چەكلىگەن ياكى بۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمىغان، ئۇ كىشى: مەن هاراقنى دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىمەن دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام: هاراق دېگەن دورا ئەمەس بەلكى ئۇ كېسەلنىڭ ئۆزىدۇر، دېگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى].

بۇ يەردە ئاگاهلاندۇرۇش زۆرۈر بولغان بىر ئىش بار: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرىسا، بۇ ئىش چوقۇم

ئۇلارنىڭ پايدىسى ئۆچۈن بولىدۇ ياكى ئۇ ئىشنىڭ زىيىنىدىن پايدىسى كۆپ بولىدۇ. بىرەر ئىشتىن چەكلىسە، مەزكۇر ئىشتا بۇزۇقچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى ئۇ ئىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىدىن زىيانلىق تەرىپىنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھېكمەتبىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

بىر كېسەلنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق: ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاراقتىن باشقا شىپالىق دورا يوق دېگەن سۆز توغرا ئەمەس، چۈنكى ھازىر تەبىئىي دورىلار ئىنتايىن كۆپ، يەنە شۇنى بىلىش كېرەككى، پەقەت دورىنىڭ ئۆزىلا بىمارغا شىپا بولالمايدۇ، بەلكى دورا ئىستىمال قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىدۇ.

شەرئى سەۋەبلەرنى قىلغۇچىلار بەزى پەقەت ئۆزىنىڭ قىلغان سەۋەبلىرىگىلا تايىنىدۇ، يەنە بەزى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا تايىنىش بىلەن بىرگە، بۇ دورىنى پايدا قىلىدۇ ياكى پايدا قىلمايدۇ دەپ ئىتىقاد قىلىدۇ. بۇ شەرئەتتە قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان ئىش. ئەمما مۇشۇ دورىلا پايدا قىلىدۇ ياكى ساقايتمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن، يەنى پۈتۈن شىپالىقنى دورىغىلا مەركەزلەشتۈرىدىكەن، ئۇ كىشى ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ." تۈگىدى. [دائىمىي كومىتېتى پەتىۋاسى(22/87)].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.